# ئالتۇن پۈتۈن كەسپلەر زەنجىرى توپلانغان رايون بەرپا قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن مۇھىم ئامىللىق ئىز قوغلاش، ئالتۇنچىلىق كەسپلىرىنىڭ توپلىنىش ئۈنۈم ئېففېكتىنى ھازىرلاش» تىن ئىبارەت قۇرۇلۇش پىكىر يولى بويىچە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم تاشلىدى.

## ئەنئەنىۋىلىكتىن زامانىۋىلىققا يۈرۈش قىلىش

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئالتۇن، ئىبسىل قاشتاش كەسپلەر باغچىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتىدىكى شىنجاڭ ئوسمانى ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ - زىننەت پىششىقلاش چەكلىك شىركىتى قەدىمىي قول ھۈنەر - سەنئەت دۇكىنىدا، زەرگەر ئابدۇرشىت ئابلىمىت قولدا ئالتۇن ھالقا سوقۇۋاتاتتى.

بۇ خىل ئۆزگىچە ماھارەت «زىرە» ھۈنەر - سەنئىتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئالتۇن زىننەت بۇيۇمىنىڭ نەقىشى مۇرەككەپ، ئىنچىكە، نەپىس بولغاچقا، بىر جۈپ ئاددىي «زىرە» ھالقىنى تۆت ئادەم ھەمكارلىشىپ، ئاز دېگەندە ئۈچ كۈندە پۈتكۈزىدۇ، شۇڭا باھاسى يۇقىرى.

ئوسمانى تۈنجى تۈركۈمدە كەسپلەر باغچىسىغا ماكانلاشقان كارخانىلارنىڭ بىرى. شىركەت 1989 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، باش مۇدىر مۇتەللىپ ئوسمان ئۆز جەمەتىدىكى ئالتۇن پىششىقلاش قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ 4 - ئەۋلاد ۋارىسى. شىركەتتىكى ھازىرقى خادىملار ئىچىدە، ئون يىلدىن ئارتۇق خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە، ھۈنەرگە پىششىق زەرگەرلەر 50%نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، تىپىك «ھۈنەرۋەن كارخانىسى».

قەدىمىي قول ھۈنەر - سەنئەت دۇكىنىنىڭ يېنىدا ئوسمانىنىڭ ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىش سېخى بار، سېختا 3D لىق بېسىش ئۈسكۈنىسى، زىچلاشتۇرۇش ماشىنىسى، پۇتبول مارجان ماشىنىسى، زەنجىر بوشتىش ماشىنىسى قاتارلىق پۈتۈن ئاپتوماتلاشقان ئۈسكۈنىلەر خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇپ، ھەممىسى ھازىرقى دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيەسىگە ئىگە. نۆۋەتتە، شىركەت كۈنىگە 20 كىلوگرام ئەتراپىدا ئالتۇن مەھسۇلاتى پىششىقلايدۇ.

كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىلىرىنى يارىتالىدى، ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ. مۇتەللىپ مۇنداق دېدى: ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق، ھۈنەر - سەنئەت بىلەن لايىھە ماھىيەت جەھەتتە ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە، شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىدا ھەم ئەنئەنىۋى ھۈنەرنىڭ مەدەنىيەت ۋارىسلىقىغا ئېتىبار بېرىش، ھەم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ زامانىۋى مودا ئامىلىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك؛ ھەم ئاۋامنىڭ ئەنئەنىۋى ئېستېتىك قارىشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئېستىكىنى قاندۇرۇش، ھەم ياش مودىچىلار ئۈچۈن ئۆزگىچە مودا زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش كېرەك.

«شىنجاڭدىكى ئالتۇن - كۈمۈش ئەسۋابلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش باشلامچى كارخانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىركەت كەسپلەر باغچىسىغا كىرگەندىن كېيىن، سىياسەت تەييار ئاپتوموبىلغا ئولتۇردى، بۇ، سۈپەتلىك ماركىنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى لىنىيەسىدىكى دۆلەتلەرگە كېڭەيتىشكە تېخىمۇ قولايلىق يارىتىپ بەردى.» مۇتەللىپ مۇنداق دېدى: ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، كەسپلەر باغچىسىنىڭ سۈپا ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئالتۇن - كۈمۈش ئەسۋابلىرىنى دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقىرىپ، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش كېرەك.

## پۈتۈن كەسپلەر زەنجىرى، پۈتۈن مۇھىم ئامىللار توپلىنىش

ئوتتۇرا ئاسىيا ئالتۇن، ئىبسىل قاشتاش كەسپلەر باغچىسى جەمئىي سەككىز قەۋەت بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى 22 ئالتۇن، ئىبسىل قاشتاش زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش كارخانىسى ۋە ئالاقىدار ئاپپاراتلار ماكانلاشقان.

كەسپلەر باغچىسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتى ئۈچ رايونغا بۆلۈنىدۇ: مەدەنىيەت كۆرگەزمە رايونى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجادىيەت كۆرگەزمە رايونى ۋە مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش رايونى.

مەدەنىيەت كۆرگەزمە رايونىدا ساياھەتچىلەر دۇنيانىڭ ئالتۇنچىلىق تارىخىنى، جۇڭگونىڭ ئالتۇنچىلىق تارىخىنى، شىنجاڭنىڭ ئالتۇنچىلىق تارىخىنى چۈشىنەلەيدۇ. شىنجاڭ ئالتۇن مول جايلارنىڭ بىرى. بۇ يەردە شىنجاڭنىڭ يەر شەكلىگە تەقلىد قىلىنغان بىر چوڭ قۇم مودېل بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئالتۇن بايلىقىنىڭ تارقىلىشى بىۋاستە نامايان قىلىنغان. كۆرگەزمە زالىدا يەنە ئەسلىي ئېكولوگىيەلىك ئالتۇن رۇدىسىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ، ئېيتىلىشىچە، بىر تونىنا ئالتۇن رۇدىسىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران ئۈچ گرام ئالتۇن ئالغىلى بولىدىكەن، بۇنىڭدىن ئالتۇننىڭ ئاز ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئالتۇن مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش، نەپىس، ھەشەمەتلىك ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىدىن ھۇزۇرلىنىشتىن سىرت، بىرىنچى قەۋەتتە يەنە ئۇرۇمچى پۇل مۇئامىلە باھا مەلۇم قىلىش راسچوتى مۇلازىمەت مەركىزى تەمىنلىگەن ئالتۇن نەق مال، مۇددەتتە كېچىكتۈرۈلگەن مال ھەم ئۇنىڭ ھاسىلىي مەھسۇلاتلىرى سودىسى ئەمەلىي ۋاقىت ئۇچۇر مۇلازىمىتى، خەلق پۇلىنىڭ خەلقئارادىكى ئاساسلىق پۇل، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆسۈشاق پۇللىرى بىلەن بولغان ئەمەلىي ۋاقىت پېرېۋوت نىسبىتى ئۇچۇر مۇلازىمىتى، ئالتۇن، پۇل قاتارلىق جەھەتلەردىكى پۇل مۇئامىلە بىلىملىرى قاتارلىق مۇلازىمەتلەردىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ.

كەسپلەر باغچىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى خوسسى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئوتتۇرا ئاسىيا ئالتۇن، ئىبسىل قاشتاش كەسپلەر باغچىسى ھەر بىر قەۋەتنىڭ ئىقتىدار ئورنىنى ئىنچىكە بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى قەۋەت ئالتۇن مەدەنىيىتى، ئالتۇن مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ۋە ئالتۇن سودىسى يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت رايونى، ئىككىنچى قەۋەت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى قەۋەتلەر ئالتۇن، ئىبسىل قاشتاش ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ئورنى ۋە يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت رايونى قىلىندى.

«شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى مۇھىم ئالتۇن چىقىدىغان جاي بولۇش سۈپىتى بىلەن، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئالتۇن بازىرى بىلەن بولغان چوڭقۇر ھەمكارلىققا تۈرتكە بولۇش، ئالتۇن بازىرى پۈتۈن كەسپلەر زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالتۇن بازىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە.» خو سىسى مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، باغچە رايونىنىڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش مىقدارى 15 تونىنىغا، قاشتاش ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش مىقدارى ئون تونىنىغا يەتتى. ئىككىنچى قارار قۇرۇلۇشنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ، كەلگۈسىدە بۇ يەر ئوتتۇرا، غەربىي، جەنۇبىي ئاسىياغا يۈزلەنگەن رايون خاراكتېرلىك ئالتۇنچىلىق كەسپلىرى توپلانغان رايونغا، شۇنداقلا ئوتتۇرا، غەربىي، جەنۇبىي ئاسىيادىكى رايون پۇل مۇئامىلىسىدە يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىگە ئايلىنىدۇ.

## يۇقىرى دەرىجىلىشىش تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش

كەسپلەر باغچىسىنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىكى شىنجاڭ جۇگمىن ئالتۇنچىلىق ئۈنچە - مەرۋايىت، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ CNC رەقەملىك كونترول سېخى، ئېلېكترىك ئاپتوماتلاشقان سېخى، ماشىنا ئادەم سېخى ھەممىشە كىشىلەرنى قەدەمنى توختىتىپ كۆرۈشكە جەلپ قىلىدۇ. شىركەتنىڭ مېتاللارنى3D لىق بېسىش ئۈسكۈنىسى ھازىر پۈتۈن يەر شارىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۈسكۈنە ھېسابلىنىدۇ. جۇگمىن ئالتۇنچىلىقنىڭ باش مۇدىرى ۋۇ جىنلۇڭ مۇنداق دېدى: بۇ، جۇڭگونىڭ ئەڭ ئىلغار ئالتۇن ياساش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ كەسپلەر باغچىسىغا ماكانلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇمى ياسىغاندا، 80% ئادەم كۈچىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇمىنىڭ پارقىراقلىق دەرىجىسى، ئىستېرېئولۇق تۈيغۇسىنى 60% ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2018 - يىلى، شېنجېن دېلۇڭفېڭ ئۈنچە - مەرۋايىت، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى باشچىلىقىدىكى يەتتە ئالتۇن، ئۈنچە - مەرۋايىت كارخانىسى بىرلىشىپ جۇگمىن ئالتۇنچىلىقنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئالتۇن، ئىبسىل قاشتاش كەسپلەر باغچىسىغا ماكانلىشىپ، دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ئەسلىھەسى ۋە ھۈنەر - سەنئىتىنى ئېلىپ كېلىپلا قالماي، يەنە كۆپلىگەن سۈپەتلىك ماركا ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى مەھسۇلات سىستېمىسىنى ئېلىپ كەلدى.

«ئۆمەك تەشكىللەپ» شىنجاڭغا كېلىش توغرىسىدا توختالغاندا ۋۇ جىنلۇڭ مۇنداق دېدى: ئوتتۇرا ئاسىيا ئالتۇن، ئىبسىل قاشتاش كەسپلەر باغچىسى پۈتۈن كەسپلەر زەنجىرى مۇھىم ئامىللىرىنى توپلاشتۇرغاندا، كۆلەم نەتىجە - ئۈنۈمى ۋە سۈپەتلىك ماركا تەسىر كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالتۇنچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ماكانلىشىشى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالتۇن، ئىبسىل قاشتاش كەسپلەر باغچىسىنىڭ مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇردى.

بەشىنچى قەۋەتتىكى شىنجاڭ يۇلۇ چېڭشياڭ ئالتۇن، قاشتاش ئويمىچىلىقى مەدەنىيەت ئىجادىيىتى چەكلىك شىركىتى زامانىۋى يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق پاتېنت تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، قاشتاش ئويمىچىلىقى، ئالتۇن - كۈمۈش نەقىشچىلىكى قاتارلىق ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت ياسىمچىلىقىدا يېڭىلىق يارىتىپ، تۈركۆملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

يەتتىنچى قەۋەتتىكى شىنجاڭ يۇخەي گۇرۇھى يىپەك يولى يۇخەي ئۈنچە - مەرۋايىت چەكلىك شىركىتى يېڭى پاسونلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر ئايدا 10دىن 20گىچە يېڭى پاسوندىكى زىبۇ - زىننەت بۇيۇمىنى بازارغا سالدى ھەم ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىنىڭ ياردىمىدە، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە ئالتۇن، ئۈنچە - مەرۋايىت، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى «سىرتقا چىقاردى».

…

ھەر بىر كارخانا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئىنتىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىشىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى.

ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونلۇق (يېڭىشەھەر رايونلۇق) مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ۋاڭ خۇڭ مۇنداق دېدى: سانائەت ساياھىتى يېڭى كەسىپ ھالىتى ئارقىلىق ساياھەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى نورمال ھالىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئومۇمىي تەرەككۇر يولى بويىچە، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى) ئوتتۇرا ئاسىيا ئالتۇن، ئىبسىل قاشتاش كەسپلەر باغچىسى قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان سانائەت ساياھىتى ۋە سودا ساياھىتىنى يولغا قويۇپ، «ساياھەت+سانائەت» لىنىيەسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سانائەت ساياھىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى ھەم بۇنى پىشاك قىلىپ، پۈتۈن رايون ساياھىتىنىڭ تەرەققىياتىنى قوزغاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

# جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا «ھاجەتخانا ئىنقىلابى»نى تېز ئالغا سىلجىتىشنى چۆرىدەپ چارە - تەدبىر كۆرسەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

كۆپچىلىك مۇنداق قارىدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېزا «ھاجەتخانا ئىنقىلابى» توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ھاجەتخانا ئىنقىلابى»دا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

كۆپچىلىك مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ تېخنىكا ئەندىزىسى تاللىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلاردا ھاجەتخانا ئۆزگەرتىش بىلىمى ۋە تېخنىكا ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك؛ سەھىيە - ساغلاملىق تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنى ئىلمىي، پاكىز، ساغلام تۇرمۇش قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك؛ خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەبلەغ سېلىنمىسىنى زورايتىپ، كۆپ تەرەپ كۈچلىرىنى گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇشقا قاتنىشىشقا يېتەكلەش كېرەك؛ قۇرۇش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە يەنىمۇ چىڭ تۇرۇپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى يۈرۈشتۈرۈش، باشقۇرۇش، ئاسراش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزىلاردا «ھاجەتخانا ئىنقىلابى»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نۇرلان ئەبلىمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كىچىك ھاجەتخانا چوڭ خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، يېزىلاردا «ھاجەتخانا ئىنقىلابى»نى سىجىل ئالغا سىلجىتىش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى كونكرېت ھەرىكەت، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ بەخت تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشتىكى تەخىرسىز ۋەزىپە. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، بۇ، مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ ياخشى يولغا قويۇش كېرەك.

نۇرلان ئەبلىمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلاردا «ھاجەتخانا ئىنقىلابى»نى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ۋە نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئىگىلەپ، مۇشۇ ئاساستا نۇرغۇن مول ئىجابىي پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىپ، كېڭىشىش، ئالماشتۇرۇش جەريانىنى سىياسەتنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش، ئىدىيە جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىغا ئايلاندۇرۇپ، چارە - ئەقىل كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، قوش يۆنىلىشلىك كۈچەيتىش ئىبارەت ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يىغىندا شەكىللەنگەن ئورتاق تونۇش ۋە پىكىر - تەكلىپلەرنى ۋاقتىدا جەملەپ، كېڭىشىپ تەكلىپ بېرىش دوكلاتى شەكلىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىشىغا يوللاپ بېرىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېك جېنشەن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىس ما شيۇچېڭ يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىلھام سابىر باش تېمىلىق سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار رەھبىرى يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىگە قايتما ئىنكاس قىلدى ۋە جاۋاب بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى.

# ئاپتونوم رايونىمىز «دەۋر يېڭى كىشىلىرىنىڭ سۆزى ــ مەن ۋەتەن بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلىمەن» نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز جىيا چۈنشيا خەۋەر قىلىدۇ: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، «دەۋر يېڭى كىشىلىرىنىڭ سۆزى ــ مەن ۋەتەن بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلىمەن» نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىنىڭ تۈنجى مەيدان «پارتىيە قۇرۇش ئەسلىي مەقسىتى» باش تېما مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن كەلگەن 39 ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشتى.

شۇ كۈندىكى مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسپلەردىن كەلگەن. ماھىرلار «پارتىيە قۇرۇش ئەسلىي مەقسىتى»دىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چىڭ ئىگىلەپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چۆرىدەپ، مەۋقەنى ئۆز ئىش ئورنىغا قويۇپ، ئۆز كەچۈرمىشىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىشتەك كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى ھېسسىياتلىق بايان قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ۋەتەن بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلىش، دەۋر بىلەن تەڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتەك تەسىرلىك ئەمەلىيىتىنى نامايان قىلدى.

«مېنىڭ ئاتقۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى ئارا مەھەللە كەنتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىمغا ئۈچ يىل بولدى، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا كەنتكە ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇلدى، يول چىرىغى ئورنىتىلدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى. ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى باشتىن - ئاخىر باش ئورۇنغا قويۇپ، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، خۇشاللىق بىلەن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك» دېدى مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىر كوۋ جاۋجيې.

ئاپتونوم رايونىنىڭ «يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ سۆزى ــ مەن ۋەتەن بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلىمەن» نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كومىتېتى قاتارلىقلار ئورتاق مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزىدى، مۇسابىقە «ئەمگەك ئارقىلىق ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش» «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ» «پارتىيە قۇرۇش ئەسلىي مەقسىتى» قاتارلىق 11 باش تېما مۇسابىقىسىگە بۆلۈندى. مۇسابىقە 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى باشلانغان بولۇپ، 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاخىرلىشىدۇ. مۇسابىقە ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما كەڭ قاتنىشىدىغان ئاممىۋى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى؛ ئىككىنچى باسقۇچ، 11 باش تېمىنى چۆرىدەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقە؛ ئۈچىنچى باسقۇچ، مەركەزلىك كۆرگەزمە پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ياخشى جاي

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈچ جاي دۆلەت ئىچى ساياھەت قىزغىنلىقىنىڭ ئېشىشى ئەڭ تېز مەنزىلگاھ بولۇپ تاللاندى

مۇخبىرىمىز جىيا چۈنشيا خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، مافېڭۋو ساياھەت تورى تېڭشۈن ساياھەتچىلىكى بىلەن بىرلىشىپ 2019 - يىلى يازلىق «ساياھەت ھەرىسى يۆنىلىش بەلگىسى»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى: دۆلەت ئىچى ساياھەت قىزغىنلىقىنىڭ ئېشىشى ئەڭ تېز ئون مەنزىلگاھ ئىچىدە، ئالتاي، ئىلى، قەشقەر تىزىملىككە كىرىپ، ئايرىم - ئايرىم 3 -، 5 - ۋە 9 - ئورۇندا تۇردى.

ئاپتونوم رايون ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى چوڭ رايوندىن ساياھەت ئىقتىسادى كۈچلۈك رايونغا ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولدى، شىنجاڭ ساياھىتى ئۇل ئەسلىھە، بازار يېتىشتۈرۈش، سىياسەت بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. مافېڭۋو چوڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 - يىلى، شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش قىزغىنلىقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 191% ئېشىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇرغان.

بۇ قېتىم تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن ئۈچ مەنزىلگاھنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ساياھەت بايلىقى توپلانغان رايون. ئالتاي ۋىلايىتىدە «بۇ دۇنيادىكى پاك تۇپراق» دەپ ئاتالغان قاناس، دۇنيا گېئولوگىيە باغچىسى كۆكتوقاي، ۋۇسەيتەن قاتارلىق داڭلىق مەنزىرە رايونلىرى بار؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا نارات يايلىقى، قاراجون يايلىقى قاتارلىقلار بار؛ قەشقەر ۋىلايىتىدە قەشقەر قەدىمىي شەھىرى، ھېيتگاھ مەسچىتى، مۇزتاغ چوققىسى، قونجىراپ پورتى قاتارلىقلار بار.

مافېڭۋو ساياھەت تەتقىقات مەركىزىنىڭ مەسئۇلى فېڭ راۋنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭ يازدا سالقىن بولۇپ، ئىسسىق ئۆتۈشتىن ساقلىنىشقا باب كېلىدىكەن، ھەر يىلى 6 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئەڭ ياخشى ساياھەت ۋاقتى ھېسابلىنىدىكەن. «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ قاتناش ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى، پۇقراۋى ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنىڭ كۆپەيتىلىشى ۋە تۈمۈريول ساياھەت مەخسۇس پويىزىنىڭ قاتنىشى ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى تېخىمۇ كۆپ تاللاش بىلەن تەمىنلىدى. ‹ئۇچقاندەك ھايات› قاتارلىق شىنجاڭدا سۈرەتكە ئېلىنغان كىنولار قويۇلغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن ساياھەتچىدە شىنجاڭغا نىسبەتەن تەلپۈنۈش پەيدا بولدى.» ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭدىكى بۇ قېتىم تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن ئۈچ مەنزىلگاھنىڭ يازلىق تەتىل مەزگىلىدىكى ساياھەتتە قىزىق مەنزىلگاھقا ئايلىنىشىدىن ئۈمىد بار.

▼ 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، بېغتۇەن 4 - شى 70 - تۇەنىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۇستىقۇددۇس ئورماقتا. بۇ تۇەن تېرىغان ئۇستىقۇددۇس راسا چېچەكلەش مەزگىلىگە كىردى، شۇ جايدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھاۋا ئوچۇق كۈندىن پايدىلىنىپ، ئۇستىقۇددۇسنى جىددىي ئورۇپ، مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلدى. □ۋاڭ جىچىڭ فوتوسى

